PUBLISHED BY EASTERNTURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي
16 ـ سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت

## 3 ـ نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئېستونىيەدە چاقىرىلدى



ئۆز خەۋىرىمىز: « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىينى بۇيىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىن 15 ـ كۈنىگىچە ئېستونىيەدە ئېچىشنى قارار قىلدى.

( داۋامى 2 ـ بەتتە )

## قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا چاقىرىلغان دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن كوفى ئاننان ۋە كىلىنتونغا مەكتۇپ يوللىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا چاقىرىلغان دۇنيا ئەللىرى باشلىقلىرى يىغىنى ھارپىسىدا مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان قۇرۇلتاي نامىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىبى كوفى ئاننان ۋە ئامېرىكىنىڭ پىرىزىدېنتى بىل. كلىنتونغا ۋە ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىلى رىچارد. هولبۇروكلارغا ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان فاشىستىك سىياسەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن، خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشىنى نەزەرلىرىدىن ساقىت قىلۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

( داۋامى 4 ـ بەتتە )

## « بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى »، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇندى

ئۆز خەۋىرىمىز: تېخى قۇرۇلغىنىغا بىر يىل بولمىغان « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەركىۋى ۋە دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە.

( داۋامى 8 ـ بەتتە )

## ئۆركەش، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى

يېقىندا رويتېر ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى تەيۋەندە، 1989 ـ يىلىدىكى بېيجىن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ئۆركەشنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن چوڭ پارتلاش ۋەقەسىگە بولغان قاراشلىرىنى سورىغاندا، ئۆركەش مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىگەن:

( داۋامى 7 ـ بەتتە )

## ئۈرۈمچىدە چوڭ پارتلاش [illegible]

چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە چوڭ پارتلاش ۋەقەسى يۈزبېرىپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ۋە زەخىملەنگەن. ھازىر ئۈرۈمچى ساقچى دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى جىددى تەكشۈرمەكتە. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان باياناتىغا قارىغاندا ، بىر ئوق ـ دورا قاچىلانغان ئاپتوموبىل كەچ سائەت. 7.30 دا ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى شىنجىن يولىدا كېتىۋاتقاندا پارتىلاپ كەتكەن. بۇ ئاپتوموبىلدىكى پارتىلاتقۇچ دورىلار ئەسلى يوقۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان.

( داۋامى 8 ـ بەتتە )

## روسىيە ھۆكۈمىتى چېچەنىستان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىككى ئۇيغۇرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى

لىنتەر فاكس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، روسسىيە فىدىرال ئاخبارات ئاگېنتلىقى 8 ـ ئاۋغۇست جۈمە كۈنى ، روسسىيەگە قارشى چېچەن ئارمىيەسى بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلغان دەپ لەيپلەنگەن لىككى لۇيغۇرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. روسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋالىن سىلاۋچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇيىل مارت ئايىدا چېچەنىستانىنىڭ پايتەختى گىروزنىنىڭ جەنۇبىدىكى توقۇنۇشلاردا روس ئارمىيەسى تەرىپىدىن لەسىر ئېلىنغان بۇ لىككى ئۇيغۇر ياش پەيشەنبە كۈنى مۇسكوۋا ئايرودرومىدا خىتاي ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇلغان. بۇ لىككى لۇيغۇر ياش ئىككى يىل ئىلگىرى چېچەنىستانغا كىلىپ لۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، لۇرۇش جەريانىدا روسىيە لەسكەرلىرىگە لەسىرگە چۈشكەن.

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى

# 3 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئېستونىيەدە چاقىرىلىدۇ

( بېشى 1 - بەتتە )

قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتى هازىردىن ئېتىبارەن قۇرۇلتاينىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي تۈردە باشلىۋەتتى ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرگە، شۇنداقلا چەتئەللىك دوست ۋە مېھمانلارغا قۇرۇلتاي نامىدىن رەسمىي تەكلىپنامىلار ئەۋەتىشكە باشلىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە تەقسىم قىلىنغان سانغا ئاساسەن، ئېستونىيەدە چاقىرىلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىغا رەسمىي ۋەكىل سايلاش ۋە ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى باشلىدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتى ميۇنخېن شەھرىدە ئالاھىدە سايلام ئۆتكۈزۈپ، مەزكۇر تەشكىلات نامىدىن 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 7 نەپەر ياشلار ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى. « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈمەت ئاگاھىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى يىغىنغا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش، باش كاتىپ ئەسقەرجان ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا قاتارلىقلار كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلدى.

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، 1995 - يىلى 10 - ئايدا ئالمۇتادا چاقىرىلغان « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى » يىغىنى ئارقىلىق « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئاساسى شەكىللىنىپ، 1996 - يىلى گىرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ساھىپخانلىقى بىلەن، تۇنجى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » چاقىرىلغان ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەن « ياشلار قۇرۇلتىيى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئومومىي قۇرۇلتىينى چاقىرىدۇ » دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، 1998 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلدى. مانا شۇ ئاساستا 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېستونىيەدە چاقىرىلماقچى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ 2 يىللىق خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىلىدۇ، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلىدۇ، قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسى تەكرار قاراپ چىقىلىدۇ، شۇنداقلا بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا يەنە، 1999 - يىلى ئۆكتەبىردە گىرمانىيەدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن بولغان تەشكىلىي مۇناسىۋەتلەر، يەنى، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي تەركىۋىگە كىرىش مەسىلىسى نۇقتىلىق ھالدا مۇزاكىرە قىلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتە قارار ئېلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇ نۇقتىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىزكى، گەرچە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، گىرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » قاتارلىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرگە 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە گىرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايغا رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا باشتىن - ئاخىر تولۇق ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ 1998 - يىلدىكى 2 - ئومومىي يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يېڭى نىزامنامىسىدا، « شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممە تەشكىلاتلار ئېتىراپ قىلغان خەلقئارالىق بىر ئورگىنى ۋۇجۇتقا چىققاندا، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ ئورگانغا قوشۇلۇش مەسىلىسى ئومومىي يىغىندا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قارار قىلىنىدۇ » دەپ كۆرسىتۈلگەچكە، ياشلار قۇرۇلتىيى بۇقېتىم گىرمانىيەدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەركىۋىگە كىرىشنى كېچىكتۈرگەن ۋە بۇ مەسىلىنى ياشلارنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قارار قىلىشقا قالدۇرغان ئىدى. قۇرۇلتاي جەريانىدا ۋە قۇرۇلتايدىن كېيىن، قۇرۇلتاي مەسئۇللىرى ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا ھاجى ياقۇپ قاتارلىق بەزى مىللىي شەخسلىرىمىز ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي ھالدا ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن، 3 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىدا، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي تەركىۋىدىن ئورۇن ئېلىشى ھەققىدە ئىجابىي قەدەم تاشلىشىنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ھەتتا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 12 ماددىدىن تەركىب تاپقان قارارىنىڭ 10 - ماددىسىدا، « مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، 1996 - يىلى گىرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە قۇرۇلغان « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىغا ماس ھالدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ياشلار كومىتېتى سۈپىتىدە يەر ئېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ، مىللىي داۋايىمىزنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يولدا ئىجابىي قەدەم تاشلاشقا چاقىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىمىزمۇ بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ » دەپ كۆرسىتۈلگەن ئىدى. بۇيىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەركەزدىكى ئاساسلىق مەسئۇللىرى رەئىس ئەنۋەرجاننىڭ باشچىلىقىدا « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلىپ، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا يۇقارقى مەزمۇندا رەسمىي ھالدا يازما تەكلىپ سۇنغان ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 2 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى بىلەن 3 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىنى بىرگە ئېچىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئۇلار، بۇيىل 11 - ئايدا ئېستونىيەدە چاقىرىلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىدا، ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ مىللىي بىرلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، بۇ ھەقتە ئىجابىي قارار ئېلىنىشىنى ئۈمىد قىلماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېقىندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ مەسئۇللىرىغا مۇراجەتنامە يوللاپ، ئۇلارنى بۇقېتىم ئېستونىيەدە چاقىرىلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىرىش ھەققىدە ئىجابىي قەدەم تاشلاشقا چاقىردى. مەركىزى ئورگىنى گىرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » رەھبەرلىك ھەيئىتىمۇ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنىغا تەكلىپنامە يوللاپ، ياشلارنىڭ ئېستونىيەدە چاقىرىلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىرىش ھەققىدە قارار ئېلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۆۋەندە، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ ياشلار قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنىغا يوللىغان مۇراجەت ۋە تەكلىپ مەكتۇپلىرىنىڭ تولۇق تېكىستىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمىز:

## « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا يازغان تەكلىۋى

« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ھۆرمەتلىك ئۆمەر قانات ئەپەندىگە ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىكىگە تەكلىپ:

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، 2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى

قۇرۇلتىيى » نىڭ بىرلىكتە ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ بىرى — ئالدى بىلەن ئۆزئارا ئىتتىپاقىمىزنى ۋە سېپىمىزنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەن سىرتىدىكى بارچە تەشكىلاتلارنى، جۈملىدىن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئومۇمىي قارارىنىڭ 10 - ماددىسىدا، « مىللىي قۇرۇلتىيىمىز — 1996 - يىلى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە چاقىرىلغان « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىگە ماس ھالدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ياشلار كومىتېتى سۈپىتىدە يەر ئېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ مىللىي داۋايىمىزنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يولدا ئىجابىي قەدەم تاشلاشقا چاقىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىمىزمۇ بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ » دەپ كۆرسىتۈلگەن ئىدى.

شۇ ئاساستا بىز ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكىنى مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزغا رەسمىي قوشۇلۇش ھەققىدە قارار ئېلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىغا چاقىرىمىز. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بىرلىشىشى، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي داۋايىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە ھەسسە قوشقىنىدەك، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ ئۈنۈمىنى بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇرغۇسى ۋە شۇنداقلا ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ ئۈمىتۋارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكۈسى! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملىرىنى، بۇ يىل ئېچىلىدىغان 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىز بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيىنى بىرلەشتۈرۈشنى نەزەردە تۇتقان ھالدا تاشلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ 6 ئايدا بىر قېتىم چاقىرىلىدىغان دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ 2 - قېتىملىقىنى ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇپ، 3 - قېتىملىق ياشلار قۇرۇلتىيى بىلەن ئەينى جايدا ۋە ئەينى ۋاقىتتا بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىز.

پەقەتلا ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەممىمىزنىڭ مۇشتەرەك غايىسى، بىز قانچە تېز بىرلەشسەك، دۈشمەننىڭ شۇنچە كۆپ چۆچۈيدىغانلىقىنى ۋە زۇلۇم ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ سۆيۈنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، بۇ تەكلىۋىمىزنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ ھەقتە بىزگە بىر ھەپتە ئىچىدە يازما جاۋاپ قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:
ئەنۋەرجان
« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى
2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
( گېرمانىيە — ميۇنخېن )

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا مۇراجىئەتى

« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەھبەرلىرىگە ۋە ھەيئەت ئەزالىرىغا:

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » باش كاتىۋى ئەسقەرجاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2000 - يىلى 22 - ئاۋغۇست كۈنى قازاقىستاندىكى « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » ھەيئەت ئەزالىرى، « نۇزۇگۇم پوندى » نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، « قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىگى » نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ئۆزبەكىستان « ئۇ. ئا. ت » نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، قىرغىزىستاندىكى « ئۇ. ئا. ت » نىڭ رەئىسى، بىشكەك شەھەرلىك « ئىنسان ھەقلىرى دېموكراتىيە جەمئىيتى » نىڭ رەئىسى ۋە ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 53 كىشى ئالمۇتا شەھرىدە باش قوشۇپ، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۇق.

سۆھبەت يىغىنىدا، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالماشتۇردۇق، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى — « بىزگە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ھەممىدىن مۇھىم » — دېگەن ئورتاق پىكىرنى تەكىتلەشتى.

بىز بۈندىن 2 ئاي بۇرۇن سىزلەرنىڭ ۋەكىلىڭىز ئابلىكىم خوتەن ئارقىلىق 3 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ۋە تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، مۇناسىپ جاۋابىمىزنى بەرگەن ئىدۇق، شۇ جاۋابىمىزدا:

— « بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى قۇرۇلتىيىنى تەبرىكلەيمىز ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز. بىراق، ياشلار ئۆز قۇرۇلتىيىدا جەزمەن خەلقئارادىكى بىردىن - بىر ھوقۇقلۇق ئورگان - « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » تەركىبىگە كىرىدىغان ئىجابىي قارار ئېلىشى لازىم، شۇ چاغدىلا توغرا ئىش قىلغان بولىسىلەر، بىزمۇ ئاخىرغىچە سىزلەرنى قوللايمىز » — دېگەن ئىدۇق.

بىز بۈگۈنكى يىغىن قاتناشچىلىرى، يۇقارقى پىكرىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمىز. ئەگەر كىمدە - كىم ھازىر ئىشلەۋاتقان سالاھىيەتلىك، قانۇنلۇق مىللىي قۇرۇلتىيىمىزغا قوشۇلماستىن، ئۇنىڭغا مۇخالىپ ھالدا، يەنە بىر خەلقئارا تەشكىلات قۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۇيغۇرىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى بۆلگۈچى — سۈپىتىدە قارىلىدۇ، خالاس!

بىز ئۆز تەشكىلاتىمىزغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە ۋاكالىتەن سىز ياشلىرىمىزنى بۇ مەسىلىدە ئويدان ئويلىشىپ، ۋەتەن، مىللەتكە پايدىلىق توغرا يولنى تۇتۇشقا دەۋەت قىلىمىز.

يىغىن قاتناشچىلىرى نامىدىن:
قازاقىستاندىكى « ئۇ ئا ت » رەئىسى : سابىت ئابدۇراخمان ( ئىمزا )
قازاقىستاندىكى « ئىتتىپاق جەمئىيتى » نىڭ رەئىسى: قەھرىمان غوجامبەردى ( ئىمزا )
« نۇزۇگۇم پوندى » نىڭ رەئىسى: دىلبىرىم ساماساقوۋا ( ئىمزا )
« ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىگى » نىڭ رەئىسى: ئابدۇرىشىت تۇردىيېۋ ( ئىمزا )
ئۆزبەكىستاندىكى « ئۇ. ئا. ت » رەئىسى: سىيىتجان سىيىتشېۋ ( ئىمزا ) ؛
قىرغىزىستاندىكى « ئۇ. ئا. ت » نىڭ رەئىسى: شەمسىدىن ئابدۇرېھىم (ئىمزا )
« ئىنسان ھەقلىرى دېموكراتىيە جەمئىيتى » نىڭ رەئىسى: تۇرسۇن ئىسلام ( ئىمزا )
ئۇيغۇر جامائىتى نامىدىن دۇرۇۋبا مەھەللىسىنىڭ ئىمامى: قاسىم ھاجىم ( ئىمزا )
خەلق كومپوزىتورى: سىبىلماخۇن زەيدالوۋ ( ئىمزا )

2000 - يىلى 22 ئاۋغۇست ( پەيشەنبە )
ئالمۇتا

## « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا يازغان خېتى

بۇ يىل 11 - ئايدا ئېچىلماقچى بولغان 3 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نى قىزغىن تەبرىكلەيمىز! بىز شۇنداق قارايمىزكى، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قۇرۇلغاندىن بۇيان ھازىرغىچە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ياشلارغا خاس جەڭگىۋارلىق بىلەن پائالىيەت قىلىپ، تاشقى دۇنيادىكى ۋەتەن داۋاسى ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ھازىرقىدەك يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. شۇنداقلا، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن بىرلىكتە نۇرغۇن ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن، ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ مەركىزىي ئورگىنى بولغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىرىلدى. ھازىر بۇ قۇرۇلتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن

( ئاخىرى 7 - بەتتە )

# ختاي بىلەن روسىيە ئوتتۇرسىدىكى يېڭى ھەمكارلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا

( ئامېرىكا ئارمىيەسى ستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنىستىتوتىنىڭ خادىمى دوكتۇر ستىفان بىلانكىنىڭ « ئانالىست » ژورنىلىنىڭ 16 - ئاۋغۇست سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمى ماقالىسىنىڭ تولۇق تېكىستى )

ختاي بىلەن روسىيە 1992 - يىلى قايتىدىن يېقىنلىشىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى سىياسى ۋە جۇغراپىيەلىك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بىر شاخمات تاختىسى قىلىپ ئوينىماقتا. ھەر ئىككىلا ھۆكۈمەت رايون خارەكتېرلىق ئىسيان - غەليانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئومۇمىيۈزلۈك يېيىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشماقتا. شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر رايوندىكى ئىسيانىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاممىۋى قوللاشقا سازاۋەر بولۇپ قېلىشىغا ھەم يول قويماسلىق ئۈچۈن كۆپ تىرىشماقتا. بېيجىن بىلەن موسكوۋا ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئۆز - ئارا مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان ھەمكارلىقنىڭ تۈپ مەقسىدى — ئوتتۇرا ئاسىيانى باشقا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئاجرىتىپ ساقلاش، روسىيە ۋە ختايدا ئىچكى مۇقىملىقنى بەرپا قىلىش ۋە ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشتۇر. جۈملىدىن ختاي بۇ سىياسەتنى روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رەھبەرلىك رولىنى تونۇش ۋە شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش پىروگراممىسىنى باشلاش بىلەن نامايەن قىلدى. بىراق، « ئاغرىقنى يوشۇرسا ئۆلۈم ئاشكارە » دېگەندەك، توپىلاڭ ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئىجرا قىلىنغان بۇ سىياسەت، پۈتۈنلەي ئەكسىچە نەتىجە تۇغدۇرۇشى، يەنى ئىسيان - غەليان كۆتۈرۈلۈش ئېھتىمالىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى مۇمكىن.

1992 - يىلدىن بىرى ختاي ۋە روسىيە تېررىتورىيەسى ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭلىرى بارغانسىرى كۆچەيمەكتە. بۇ قوزغىلۇڭشلار كۆپرەك شەرقىي تۈركىستان ۋە چېچەنىستاندا بولدى. بىراق، بۇ قوزغىلۇڭشلار پەقەت بۇ يەرلەردىلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. روسىيە ۋە ختايدا ئۆز مۇستەقىللىقنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتلەرنى ئامېرىكا ۋە شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن ئەنسىرەش، بۇ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تېخىمۇ يېقىندىن ھەمكارلىق قىلىشىغا يول ئاچتى. بېيجىن بىلەن موسكوۋا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھەمكارلىقنىڭ ئاساسى مەقسىدى، ئامېرىكىنى بۇ رايونغا كىرگۈزمەسلىك، مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلار بىلەن ئالاقىلىرىنى مۇستەھكەملەش، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان كۈچلەرنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، خوشنا دۆلەتلەردىكى ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۈچلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەسلىك، شۇنىڭدەك « شاڭخەي ئاڭلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى » نى ھازىرقى شەكلىدىن چىقىرىپ، ئۇنى ئامېرىكىغا قارشى رايون خارەكتېرلىك ۋە كوللىكتىپ خەۋپسىزلىك ئۇيۇشمىسىغا ئايلاندۇرۇش.

ختاي بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، موسكوۋانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى قايتىدىن تولۇق ئۆز تەسىرىگە ئېلىشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رازۋېتكا، ساقچى ۋە ھەربىي باشقارمىلىرىغا روسىيە تەرەپدارى بولغان خادىملار خىزمەتكە بەلگىلەندى، روس پەۋقۇلئاددە كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەركىن ئىشلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، روسىيە ئارمىيەسى بۇ رايونغا 2003 - يىلغىچە يەنە 50 مىڭ ئەسكەر جايلاشتۇرماقچى. شۇنىڭدەك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گاز ۋە نېفتىنى يەنە روسىيە تۇربا يوللىرى ئارقىلىق دۇنيا بازىرىغا چىقىرىپ، بۇ رايوندا غەربنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئىمكانلىرىنى ئىزدىمەكتە.

ئۆتكەن ئاپرېل ئېيىدا « مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى » ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان يېڭى ئىتتىپاق ) ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي مانېۋىرىغا ختاي ئۆز كۆزەتكۈچىسىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، موسكوۋانىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى قوللىغان بولدى. ختاي بىلەن روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىتتىپاقداشلىق ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە ئىقتىسادىي ياردىمىنى ئاشۇردى، ئۇلار « شاڭخەي ئاڭلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى » نى كوللىكتىپ خەۋپسىزلىك ئۇيۇشمىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت ئىزدەۋاتىدۇ، جۈملىدىن موسكوۋا ھىندىستان، ئىران ۋە ئۆزبەكىستانىنىڭمۇ بۇ ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە « شاڭخەي بەشلىگى » ئۆز ئارا چېگرا دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. يېقىندا، دۇشەنبىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالىي دەرىجىلىك يىغىندا بۇ ئىتتىپاقنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ۋە مەقسىدىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ئېنىق بولدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ 1999 - يىلدىكى قوراللىق ھەرىكەتلىرى ۋە ناتو ( شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ) نىڭ كوسوۋاغا قىلغان ھۇجۇمىدىن بۇيان ختاي بىلەن روسىيە ئۆز دۆلەت چېگراسى ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلۇڭشىغا باشقىچە جىددىي كۆز بىلەن قاراپ كېلىۋاتىدۇ. يەنى ئۇلار، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا خەلقئارا تېرورىزىمغا باغلاشقا ئىنتىلىۋاتىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتلەردە ئامېرىكىنىڭمۇ رولى بارلىقنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنىۋاتىدۇ. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيتى ختاي بىلەن روسىيە ئوتتۇرسىدىكى ھەمكارلىقنى مۇستەھكەملەشكە ئۈندەيدىغان ئاساسىي ئامىلغا ئايلاندى.

بۇ رايوندىكى ستراتېگىيىلىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت، روسىيە بىلەن ختاينى ئۆز ئارا خېلى چوڭ نەرسىنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ، باشقا كۈچلەرنىڭ ئۆز تەسىرىنى يېيىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن بىللە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلسا كېرەك.

مەسىلەن: « شاڭخەي ئاڭلاشمىسىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىتتىپاقى » نىڭ يېقىندا دۇشەنبىدە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق ئالىي دەرىجىلىك يىغىنىدا، بۇ ئۇيۇشمىنى ئامېرىكىغا قارشى رايون خارەكتېرلىك كوللىكتىپ خەۋپسىزلىك تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىدى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەك، كەلگۈسىدە « شاڭخەي بەشلىگى » گورۇپپىسى ئاسىيا قىتئەسىدە، ئامېرىكىغا قارشى ختاي بىلەن روسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بەلكى ھىندىستاننى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كوللېكتىپ ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. روسىيە بىلەن ختاي بۇ ئىتتىپاققا ھىندىستان بىلەن ئىراننىمۇ جەلىپ قىلىش ئارقىلىق، روسىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى يېۋگېنىي پىرىماكوفنىڭ نەزەرىيىسىنى ياخشى چۈشۈنۈپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باسقۇچىغا يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك. پېرىماكوف ئۆز ۋاقتىدا، ئاسىيادا ئامېرىكىغا قارشى « ستراتېگىيىلىك ئۈچ بۇرجەك » نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئالغا سۈرگەن ئىدى.

موسكوۋا بىلەن بېيجىن بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەي، پاكىستانىنىمۇ، كەشمىر ئىستىقلالچىلىرىنى، ئافغانىستانىنىڭ تالىبان ھۆكۈمىتىنى ۋە ئوسامە بىنلادىنغا ئوخشاش ئاتالمىش « خەلقئارا تېرورىستلار » نى قوللاشتىن ۋاز كېچىشكە چاقىرماقتا. بۇنداق سىياسەت ئەگەر ئۇزۇن داۋام قىلسا، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىشىگە يول ئېچىشى مۇمكىن. چۈنكى، مەسىلە ئوتتۇرا ئاسىيادا، روسىيەدە ۋە ختايدا دېموكراتىيەلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بۇ جەريان، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭلا ئەمەس، شۇنداقلا شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىگىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان خەلقئارا مەسىلىدۇر. ختاي ۋە روسىيەنىڭ بۇنداق سىياسىتى ئۇلارنىڭ تاشقى ۋە ھەربىي سىياسەتلىرىدە ۋە ئىچكى مەسىلىلىرىدە موھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ختاي ۋە روسىيەنىڭ ئىچكى مەسىلەر دېگىنىدىن مەقسەت — بۇ ئىككى ئىمپىرىيەنىڭ ھازىرقى چېگراسىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قىلىشتا دۇچ كېلىۋاتقان

( ئاخىرى 6 - بەتتە )

# زالىملارغا قانداق قارشى تۇرۇش كېرەك؟

دىلشات رىشت ( شۋىتسىيە )

شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مۇستەملىكچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش ئېلىپ باردى. مۇستەقىللىق داۋاسى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە كۆرەش بۈگۈنگە قەدەر داۋام ئەتمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ زالىم ھاكىمىيەتكە بولغان قارشىلىغى ھەقانى ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ئەمما ئاجىز مىللەتنىڭ كۈچلۈك مىللەتكە قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرنىشىدە، ئاجىز مىللەتنىڭ تارتقان زىيىنى ئەڭ كۆپ بولدى.

شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ھوقوقى مۇتلەق بولۇشى كېرەك. بىراق بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرماقتا. بۇمۇ بىر سىياسى رىئاللىق. شۇڭا، بىز بىر تەرەپتىن ئەۋلادلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ساختا تارىخىمىزنى ئەمەس، ئەسلى تارىخىمىزنى بىلدۈرىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارغا قارىتا ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز دىنىنى، ئۆز مەدەنىيىتىنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى مەدەنىيەت ۋە تارىخ مىللىي تەقدىرىمىزنىڭ ئاساسدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن خىتاي دائىرلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىدىكى مەھبۇسلار ھالىتىدە قامال قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قارىتا يالغان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي دائىرلىرىنىڭ مائارىپنى تىزگىنلەش قاتارلىق سەۋەپلەردىن تاشقى دۇنيا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا بولغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئادىل ھۆكۈم چىقىرالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي دائىرلىرى ئىنچىلىق سۆيەر ئۇيغۇر خەلقىگە « تېرورىست » دېگەن قالپاقنى كىيدۇرمەكتە.

بۇ ئەسىر — كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەسىر. دېمەك، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان مىللىي، دىنىي، مەدەنىي ۋە تارىخى جەھەتتىكى يوقۇتۇش ۋە ئاتسىملاتسىيە قىلىش سىياسىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشى كېرەك، بىر مىللەتنىڭ يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقىنى، بۇ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى بار، كېلەچىگى يوق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زورلۇق كۈچى بىلەن ئەمەس، سىياسى يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى مۇستەقىللىق بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى پەقەتلا ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىرى بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىگىنىمۇ بىلدۈرۈشى لازىم.

نۆۋەتتىكى مەسىلە، خەلقئارا جامائەت ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قوللىغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلارنىڭ يارىدىمىگە ئېرىشىش مەسىلىسىدۇر. چۈنكى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش، ئىنسان ھەقلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بىز شۇنىڭغا چەكسىز ئىشىنىمىزكى، بۈگۈن زۇلۇم ئىچىدە ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت. بىز پەقەت، « تارتقان بارلىق خورلۇقلىرىمىز كېلەچەكتە غەلىبىگە ۋە شاتلىققا ئايلانغۇسى! » دېيەلەيمىز.

( بېشى 3 - بەتتە )

داۋاسىنى ئېلىپ بېرىشتا رەھبىرىي ئورگان سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

« ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، 3 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىرىلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ ۋە قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، كۈچلۈك بىر مەركىزى ئورگاننىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ يىراقنى كۆزلەپ، ۋەتەن - خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى نەزەرگە ئېلىپ، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » تەركىۋىگە قوشۇلۇپ، مۇستەقىللىق داۋايىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ زور خىزمەتلەرنى قىلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ئىجرائىيە كومىتېتى نامىدىن:

رەئىس ئۈمىت ئاگاھى

باش كاتىپ:

ئابدۇجېلىل ئەمەت قارىم

2000 - يىلى 8 - ئاۋغۇست

( گېرمانىيە )

# ئۆركەش، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر رىئاللىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

« شىنجاڭدا مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك ناھايىتى جىددىي مەسىلىگە ئايلانغان. بۇ رايوندا غەرپ تۈسىنى ئالغان دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىنتىپاقلىقنى ياخشىلىغان تەقدىردە، بۇ، ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتنى بىر ئاز پەسەيتىشكە ھەسسە قوشۇشى مۇمكىن. دېموكراتىيەنىڭ جارى قىلىنىشى، ئىجتىمائى ۋەزىيەتنى تۈزۈتۈش يولىدىكى باشلانغۇچ قەدەم بولالايدۇ، ئەمما، دېموكراتىيە ئارقىلىق مەسىلىنى پۈتۈنلەي ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېيىش مۇمكىن ئەمەس ... ».

ئۆركەس يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

« شىنجاڭدا مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بېيجىن ھۆكۈمىتى ۋە بۇ جايدا ياشاۋاتقان بارلىق خىتايلار 1949 - يىلىدىن بېرى بۇ رايون خەلقىغە قىلغان ھەقسىزلىقلىرىنى تونۇپ، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشلىرى كېرەك ...

مەن قان تۆكۈشكە، زومىگەرلىككە قارشىمەن، ئەمما، ئورۇمچىدىكى پارتلاش ۋەقەسىنى « مۇستەقىلچىلەر » پەيدا قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئاڭلىقلىق بىلەن قاراش كېرەك . دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ رايوندا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇملىرىغا ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىشلىرىغا قارشى چارە قوللانماستىن قاراپ تۇرۇشى، زالىمنىڭ قاراقچىغا ئايلىنىشىغا ئىمكان ھازىرلاپ بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان رىئاللىقلاردىن بىرىسىدۇر ».

ئۆركەش، رويتېر ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرىنىڭ، « قالاق غەربىي رايونلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش پىلانى ۋەزىيەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە خىرىس قىلامدۇ؟ » دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:

« ياق، بېيجىڭنىڭ بۇ پىلانى ئەكسىچە ۋەزىيەتنى تېخىمۇ بەتەر كەسكىنلەشتۈرىۋېتىدۇ. بۇ رايوننى تەرەققى قىلدۇرۇش پىلانىدىن پايدىلانغانلار ئۇيغۇرلار ئەمەس. بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىن مىللەتلەر ئوتتۇرسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭىيىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادالەتسىزلىك تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى تەرەققى قىلدۇرۇشىدىن مىننەتدار ئەمەس... ».

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، يۇقارقى بايانلار، ئۆركەشنىڭ 1989 - يىلى چەتئەلگە قېچىپ چىققاندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە چەتئەل مۇخبىرلىرىغا قىلغان تۇنجى باياناتى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. خەلقىمىز ئۆركەشنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ!

# ئۈرۈمچىدە پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەردى


(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ قېتىمقى پارتلاش ۋەقەسىدە 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ۋە ياردار بولغان ۋە ئەتراپتىكى نۇرغۇن ئۆيلەر پارتلاشتا خانىۋەيران بولغان. 20 دىن ئارتۇق ئاپتۇمبىل ۋەيران بولۇپ كەتكەن.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 9 – سېنتەبىر ئۈرۈمچىدىن بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى دائىرىلىرى پارتلاش مەيدانىنى تازىلاپ، پارتلاشتا ياردار بولغانلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى پارتلاش ۋەقەسى ئۈرۈمچىدە ھازىرغىچە يۈزبەرگەن ئەڭ چوڭ پارتلاش ۋەقەسى بولۇپ، پارتلاشنىڭ سەۋەبى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى سۈنىشى سەيشەنبە كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، مۇتەخەسسىسلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشىچە، بۇقېتىمقى پارتلاشنىڭ سۈنئى ئۇسۇلدا يۈزبەرمىگەنلىكىنى، بۇقېتىمقى پارتلاشنىڭ پەقەت تاسادىپىي يۈزبەرگەن بىر ۋەقە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. باياناتچى سۈنىشى يەنە، «پارتلاشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمى سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن جەسەتلەرنى يىغىپ تەكشۈرۈۋاتىمىز» دېدى. باياناتچى شۈنىشى ئاخىردا بۇقېتىمقى پارتلاش ۋەقەسىدىكى ماشىنىنىڭ ئازاتلىق ئارمىيەگە تەۋە ياكى ئەمەسلىگىدىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى ئەيتتى. ئۈرۈمچىدە بولسا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئېچىپ ئۈرۈمچىدە ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

# «بېلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى»، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇندى



(بېشى 1 - بەتتە)

قۇرۇلتاي قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى ۋە بېلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار قۇرۇلتاي ئورگىنىغا ئىلتىماسنامە سۇنۇپ، مىللىي قۇرۇلتاينى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە، قۇرۇلتاي تەركىۋىگە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىرغىزىستاندىكى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»، «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىل 4 - ئايدا ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنىدا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن قۇرۇلتاي تەركىۋىگە رەسمىي يوسۇندا ئەزا بولۇپ كىرگەن ئىدى. بۇيىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلىپ، «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى روزى مەمەت ھاجى بىلەن كۆرۈشكەندە، روزى مەمەت ھاجى مىللىي قۇرۇلتاينى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بىر ئەزاسى دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي قۇرۇلتاي بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى رەسمىي يوسۇندا تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدى. بۇيىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان بېلگىيەگە بېرىپ، «بېلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى» نى زىيارەت قىلغاندا، مەزكۇر جەمىيەتنىڭ رەئىسى ئازات ۋە رەھبەرلىك ھەيئىتىدىكىلەر مىللىي قۇرۇلتاينى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تەشكىلاتنىڭ «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» غا ئەزا بولۇش ھەققىدىكى رەسمىي ئىلتىماسىنى مۇراسىم بىلەن قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجانغا تاپشۇردى. بۇقېتىمقى مۇراسىمغا قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئۇمىت ئاگاھى، مىللىي قۇرۇلتاي تەشۋىقات - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە «ئىستىقلال» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات مۇھەممىدى قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلدى.

يۇقىرىقى تەشكىلاتلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ 80 پىرسەنتىگە يېقىنراقى مىللىي قۇرۇلتاي تەركىۋىگە كىرىپ بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەشكىلات قۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان بەزى ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ قۇرۇلتاينى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ۋە قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.

(بېشى 4 - بەتتە)

بەش ئىش بار، ئۇلار: ئىخلاس سۈرىسىنى كۆپ ئوقۇش، ئاز يېيىش، ئىلىم - مەرىپەت سورۇنلىرىغا كۆپ قاتنىشىش، سەھەر ۋاقتىدا كۆپ ئىستىغفار ئېيتىش، كېچىلىرى ناماز ئۆتەش.

ئەي ئەلى! كۆزنى نۇرلاندۇرىدىغان بەش ئىش بار، ئۇلار: كەبىگە كۆپ قاراش، قۇرئانى كەرىمنى كۆپ ئوقۇش، ئاتا - ئانىغا ياخشى قاراش، ئۆلىمالارنىڭ يۈزىگە كۆپ قاراش، ئېقىن سۇغا كۆپ قاراش.

ئەي ئەلى! مەن جەننەتنىڭ ئىشىگىگە مۇنۇ خەتلەرنىڭ يېزىلغىنىنى كۆردۈم — كىم ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشمىسە جەننەت ئۇنىڭ ماكانىدۇر. جەھەننەم ئاللاھقا مۇناداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! مېنى قانداق كىشىلەر بىلەن تولدۇرىسەن؟ ئاللاھ جەھەننەمگە قاراپ مۇناداق دەيدۇ: سېنى بېخىل ۋە مۇتەكەببىر ئىنسانلار بىلەن تولدۇرىمەن.

ئەي ئەلى! سەن ئىنسانلارغا كۆپ ھۆرمەت - ئىكرام قىل.

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ: ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋىستىرالىيە)
سىيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25

PUBLISHED BY EASTERNTURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

2000 - يىلى 9 - ئاي
17 - سان

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار مىللىي قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى




ئۆز خەۋرىمىز: ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدا گېرمانىيەدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبەكىستانني ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ھەم ئۇيغۇر جامائەتنى چەكسىز ئىپتىخارلاندۇردى. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان بۇيىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنى 3 - قېتىم زىيارەت قىلغاندا، بۇيەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى ئەسقەرجانغا مىللىي قۇرۇلتايغا بولغان ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىنى يەنە بىرقېتىم ئىزھار قىلىشتى. ھەمدە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بايان قىلىشتى. (داۋامى 8 - بەتتە)

## « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش باشلىدى

ئۆز خەۋرىمىز: قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » بۇيىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن ئېتىبارەن سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش باشلىدى.

( داۋامى 3 - بەتتە )



## مىللىي ئۇستاز ھاجى ياقۇپنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا مۇراجىئەتى

### ئەي شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى!

ئۆتكەن 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە مەن گۆدەك ئىدىم، يۇرتىمىزدا زامانىۋى مائارىپ يوق ئىدى، بىز جاھالەتتە ئىدۇق. ئۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە قۇمۇل ئىنقىلاۋى يۈز بەرگەن بولۇپ، 1933 - يىلى 12 - نويابىر قەشقەردە « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلدى. دەسلەپ ئاقسۇدا يېڭى مائارىپ باشلاندى. خوجا نىياز ھاجى، ماھمۇت مۇھىتى، ۋالى نىياز شەرىپلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە مۇھەممەد ئىمىن قارىھاجى، ئەھمەد فەرىد ئابباسى، ھىسامىدىن بەگلەرنىڭ مۇدىر ۋە مۇئەللىملىكىدە بىرىنچى قارار دارىلمۇئەللىمىن ئېچىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېڭى مائارىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. قەشقەردە مەجىدنىبەگ، مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىق، يۈسۈپ زىيا، سالاھىدىن ئەپەندى... لەرنىڭ باشچىلىقىدا يېڭى مائارىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مەن شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ۋە ياشلىرىدىنمەن. (داۋامى 2 - بەتتە)

## مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى « ئۇيغۇر ئاۋازى » رادىيوسى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك يۇرتداشلار!

ئىنتېرنېت يېڭى ئەسىرنىڭ ھەرقانداق ئۇچۇرنى پەقەت بىرنەچچە سېكونت ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە يەتكۈزىدىغان، ئەڭ مۇھىم خەۋەر تارقىتىش ۋاستىسىدۇر. خەلقنىڭ ئەركىن خەۋەرلىشىش ھوقۇقىنى چەكلەپ، يامان ئۇگىنىپ قالغان بەزى ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولمىغان ھاكىمىيەتلەر ئىنتېرنېت ئالاقە - ئۇچۇر يولىنىمۇ توسۇشقا ئۇرۇنماقتا. بىراق بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەختىگە بۇ ئىنتېرنېت تورى پۈتۈنلەي چەكلەپ بولۇش ۋە توسۇپ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان زامانىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىسىدۇر.

( داۋامى 3 - بەتتە )

# مىللىي ئۇستاز ھاجى ياقۇپنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا مۇراجىئەتى

( بېشى 1 ـ بەتتە )

ئۇ زامانلاردا ئۈرۈمچىدە بىر ئىنستىتوت، تۈرلۈك كەسپى مەكتەپلەر ۋە كۇرسلار ئېچىلدى. روسىيەگە ھەر قېتىمدا 100 نەپەردىن 3 قېتىمدا 300 نەپەر ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى. مەركىزى « ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » نىڭ رەھبەرلىكىدە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. 1945 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا 200 مىڭغا يېقىن باللار ۋە ياشلار يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرىنچى تۈركۈم ياشلىرى مانا بۇ دەۋردە يېتىشكەن ئىدى. بىراق بۇ دەۋرنىڭ ياشلىرى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشتىن مەھرۇم ئىدى. چۈنكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا بىرەرمۇ ئۇنىۋېرسىتېت يوق ئىدى.

1944 ـ يىلى غۇلجا ( ئۈچ ۋىلايەت ) ئىنقىلاۋى باشلىنىپ، نەتىجىدە « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ۋىلايەتتە بىر تۈركۈم خىللانغان ياشلار يېتىشىپ چىقتى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئۈچىنچى چارىكىنىڭ باشلىنىشىدا شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىستىلاسىغا ئۆچرىدى، بۇ دەۋردە كوممۇنىستىك مائارىپ يۈرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مېدىتسىنا، سانائەت، مالىيە، يېزا ئىگىلىك، سەنئەت ئىنستىتوتلىرى قۇرۇلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى چارەكلىرىدە ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر 50 مىڭدىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن بىر زامانىۋى ياشلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى.

كوممۇنىزىم، ماۋىزىم، 80 ـ يىللاردىن باشلاپ خىتايچە سوتسىيالىزىم ( ئەمەلىيەتتە خىتايچە كاپىتالىزىم ) روھى بىلەن تەربىيەلەنگەن بۇ ياشلار قوشۇنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە بىردىنلا مىللەتچى ياشلارغا ئايلىنىپ كەتتى. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي زۇلۇم، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى، ئىجتىمائى چىرىكلىك، چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكى... شەرقىي تۈركىستاننى بىر « مىللەتچىلىك بۈيۈك مەكتىۋى » گە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق، تۈركى خەلقلەر مەيلى ئۇلارنىڭ ياشلىرى، ياشانغانلىرى، ئاياللىرى، بالىلىرى بولسۇن ھەممىسى مىللەتچى بولۇپ يېتىشتى ۋە يېتىشمەكتىدۇر.

ئاسارەتتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركى مىللەتلەرنىڭ يېگانە غەلىبىمىز بۇنىڭدىن ئىبارەت. ئىستىقلال مەنىسىدىن ئېيتقاندا مىللىتىمىز يېتىشتى، زاماننىڭ قىستىشى بىلەن تەبئى ھالەتتە ئۆزلۈگىدىن يېتىشتى. سەبىر ئاخىرقى چېكىگە، پىچاق سۆڭەككە يەتتى. بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىكتىن ئىبارەت ئانتى دېموكراتىك خىتاي ئاتسىمىلاتسىيە سىياسىتىنىڭ تەبئى مەھسۇلىدۇر.

## ئەي شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى!

ئادرىياتىكتىن سەددىچىنگە قەدەر بولغان تۈرك دۇنياسى ئىچىدە مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان يالغۇز بىزلا قالدۇق، مەرھۇم لىدېرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ « نۆۋەت بىزگە » دىگەن يالدامىا سۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز لازىم. « ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش » دەپ كۈتۈپ ئولتۇرساق، نۆۋەت ئۆزلۈگىدىن كەلمەيدۇ. نۆۋەتنى بىز كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇ سۆزۈمنىڭ تۈپ مەقسىدى. ۋەتەندە بولسۇن، ياكى چەتئەلدە بولسۇن بىردىن ـ بىر مەقسىدىمىز ۋە باش ۋەزىپىمىز ـــ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقلالىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە 3 ـ جۇمھۇرىيىتىمىزنى قۇرۇش ھەمدە ئۇنى تائەبەتكىچە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بىزنىڭ ياشلىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە شۇ ئىمان بىلەن مەيدانغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەندە قىممەتلىك ھاياتىنىڭ بەدىلىگە بۇ كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدۇرۇۋاتىدۇ. تاشقىرىدا بولسا مانا شۇ ئولتۇرغان ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز بۇ مۇقەددەس مىللىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىمكانىيەتلىرى دائىرىسىدە ئىستىقلال كۈرىشىنى داۋام ئەتتۈرمەكتە. ئىستىقلال داۋاسىنى دۇنياغا تونۇتۇپ، ۋەتەندىكى مۇجادىلىگە ماسلىشىپ، ئۇلارغا مەدەت بەرمەكتە.

بىزنىڭ ھازىرقى ياشلىرىمىز ئۆتكەن ئەسىردىكى ياشلار ئەمەس، ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ كۆپى ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن، مىللەتچىلىكنىڭ تەبئى، ئوتلۇق كۈرىشى جەريانىدا تاۋلىنىپ چىققان، ھەمدە چەتئەللەرنى كۆرگەن، ھەتتا بەزىلىرى ياۋروپا دېموكراتىيىسىنىڭ تەمىنى تېتىغان، ھايۋانچە ئەمەس، ئىنسانچە ياشاشنى بىلىدىغان، ۋەتەن ـ مىللەت يولىدا ئۆزىنى ئاتىغان سۆيەتلىك، دېموكراتىك، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ھىمايىچىلىرىدۇر ۋە ئىستىقلال كۈرىشىمىزنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭگىۋار جەڭچىلىرىمىزدۇر. شۇڭا پۈتۈن ئۈمىد سىلەردە.

## ئەي شەرقىي تۈركىستاندا 3 ـ جۇمھۇرىيەتنى قۇرغۇچى ياشلار!

تارىختا بىز ئۆتكۈزگەن زور بىر خاتالىقنى سىلەر ئۆتكۈزمەڭلار، بۇ خاتالىق نېمە؟ دېسەڭلار: بىرلىككە كېلەلمەسلىك ـــ ئىتتىپاقسىزلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز ( 1933 ـ 1944 ـ يىللار ) ئارىلىقىدا « چىنى تۈركىستانچى » ۋە « شەرقىي تۈركىستانچى » بولۇشۇپ، بىر تەرەپنى « چىن پەرەست » دېسە يەنە بىر تەرەپنى « رۇس پەرەست » دەپ بىرلىككە كېلەلمىدۇق، چىنگە ۋە روسقا قارشى تۇرۇش ئورنىغا، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىمىزگە قارشى تۇردۇق. بۇ ئەھۋال تاكى ھون ئىمپىراتورلىقىدىن زامانىمىزغا قەدەر بولغان، ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق بىر زامان ئىچىدە داۋام قىلىپ كەلمەكتىدۇر. ھازىرقى ھاياتىمىزدىن بىر مىسال ئالايلى، ساناقلىق بىرقانچە تەشكىلاتىمىز بار، نېمىشكە بىرلىشەلمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىر بۆلۈم كىشىلەر ئۇيغۇرىستانچى، بىر بۆلۈم كىشىلەر شەرقىي تۈركىستانچى بولۇشۇپ، تېخى قۇرۇلمىغان جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىسمىنى تالىشىپ، بىر ـ بىرىمىزگە قارشى تۇرىمىز؟ بىزگە « *** ئىستان » مۇھىممۇ؟ ياكى ئىستىقلالمۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى چۈشىنىشمەسلىكلەرنى دىئالوگ يوللىرى بىلەن چىرايلىقچە ھەل قىلىپ، ئالدى بىلەن بىرلىككە كېلىشىمىز لازىم. تۆۋەندە سەكسەن ياشلىق بىر مويسىپىتىڭلار سۆيۈپتىم بىلەن بىرنەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، ئويلۇنۇپ كۆرۈشۈڭلارنى ۋە ئەمەلى ھەرىكىتىڭلار بىلەن جاۋاپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن:

1. دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك بىر قەدەم بېسىپ، بىرلىكنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ بېرىشلىرىنى، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىشىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2. خەلقئارالىق بىر تەشكىلاتقا ئېھتىياجىمىز بار ئىكەن، بۇنىڭغا مۇناسىپ بىر لىدېر كېرەك. ئارىمىزدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋەتەن مۇجادىلىسى قىلىۋاتقان، ئاتا بالىسى، بىرنەچچە تىللىق، يېشىمۇ مۇۋاپىق، خەلقئارادا تونۇلغان ۋە قۇيرۇغىنى تۇتتۇرمايۋاتقان ئىنسلىرىمىز بار. بۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ، مەيدانغا چىقىدىغان. نوپوزىنى، كۈچىنى ئىشقا سالىدىغان پەيت كەلدى.

3. ئىقتىسادى ئاساسىمىز ئاجىز بىر شارائىتتا « بىرلىك » ، « شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى » ، « ئۈچقۇن » ، « ئىستىقلال » ناملىرىدا بىرنەچچە مەجمۇئە ۋە گېزىتنىڭ چىقىشىنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە گېرمانىيەدە بىر مەجمۇئە، بىر گېزىت بولسا كۇپايە. مەتبۇئاتىمىز سۆيەتلىك بولسۇن. « ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن » بۇ ھەقتە گېرمانىيەدىكى مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ ئويلۇنۇپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## ئەي شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى!

بىرىنچى ۋە باش ۋەزىپىمىز ـــ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 3 ـ جۇمھۇرىيىتىمىزنى قۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

« كېرەك بولغان قۇۋۋەت ـــ تومۇرىمىزدىكى ئېسىل قاندۇر » .

( م. كامال ـ ئاتا تۈرك )

هاجى ياقۇپ ئانات ( تۈركىيە )

# « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش باشلىدى

( بېشى 1 - بەتتە )

دۇنيا ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق تارقىتىلىۋاتقان مەزكۇر رادىيونىڭ پىروگراممىلىرىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى، چەتئەل ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خەۋەر - مۇلاھىزىلىرى، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تۈرلۈك دوكلات ۋە ئىنكاسلىرى، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە تۈرلۈك ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدىكى جانلىق سۆھبەتلەر، نەقمەيدان خەۋەرلىرى ... قاتارلىق ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلار مۇۋاپىق تۈردە يەر ئالىدۇ. « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش باشلىغاندىن بۇيان ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئاڭلىتىش بېرىپ كەلمەكتە. كېلەر يىلنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەت مەزكۇر رادىيونىڭ پىروگرامما ۋاقتى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ھەركۈنى يېرىم سائەت رەسمىي ھالدا ئاڭلىتىش باشلايدۇ.

« ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلجېلىل قاراقاش ئەپەندى مەزكۇر رادىيونىڭ 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئاڭلىتىشىدا قىلغان رادىيو سۆزىدە، « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » نىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچبىر دۆلەت ياكى سىياسىي كۈچكە بېقىنمىغان مۇستەقىل بىر ئاۋازى ئىكەنلىكىنى، رادىيونىڭ بىردىن - بىر مەقسىدىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى » نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈممەت ئاگاھى ... قاتارلىقلار ۋە باشقا دۆلەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىرقىسىم مىللىي شەخسلىرىمىز « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » نىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش باشلىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن رادىيونىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇلجېلىل قاراقاش ئەپەندىنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلىدى.

مەزكۇر رادىيو سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش باشلىغاندىن بۇيان ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى ۋە ھازىرغا قەدەر 1500 دىن ئارتۇق كىشى دۇنيا ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق « ئۇيغۇر ئاۋازى رادىيوسى » نى بىۋاسىتە ئاڭلىدى.

« ئىستىقلال » ۋە « ئۇچقۇن » گېزىتلىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات يورۇڭقاش مەزكۇر رادىيونىڭ دىرېكتورلۇقىنى ۋە مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

# مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى « ئۇيغۇر ئاۋازى » رادىيوسى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى

( بېشى 1 - بەتتە )

مانا شۇنداق مۇھىم ئېلېكترونلۇق ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قېرىندىشىمىز ئابدۇلجېلىل قارىقاش يەنە بىر ئىلغار قەدەم تاشلاپ، ئىنتېرنېت رادىيوسى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئالدىغا چىقتى.

مەن بۇ ئىلغار خىزمەت بىلەن ئابدۇلجېلىل قارىقاش ئەپەندىنى سەممىي تەبرىكلەيمەن ۋە بۇ زامانىۋى ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق، مىللىي داۋايىمىزغا مۇۋاپىق ھالدا خەلقىمىزنى توغرا ۋە ھەق يولغا باشلايدىغان مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

ھۆرمەت بىلەن:
ئەنۋەرجان
« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » رەئىسى

2000 - يىلى 22 - سېنتەبىر

# مەركىزى ئاسىيادىكى يېڭى سىياسىي ۋەزىيەت

كۆنسايىن جىددىي تۈس ئېلىۋاتقان مەركىزى ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، مانا بۈگۈن يەنە بىر يېڭىلىق بىلەن بۇ رايوننىڭ ھەققەتەن دۇنيانىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ستراتېگىيەسىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. « قىرغىزىستان خەۋەر ئاگېنتلىقى » ۋە « ئازاتلىق رادىيوسى » نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى قۇراللىق كۈچلىرى مەركىزى قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تومى فرەنكس باشچىلىغىدىكى ئامېرىكا ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى 25 - سېنتەبىر بىشكەككە كېلىپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۋ ۋە قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئېسەن تۆپەيېۋ بىلەن كۆرۈشكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامېرىكا گېنېرالى قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ « تىنچلىق ئۈچۈن » دېگەن پروگراممىسىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقى توغرىسىدا ئۈنۈملۈك سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قىرغىزىستانغا ھەربىي جەھەتتىن بېرىدىغان ياردەملىرى توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن. ئۆتكەن يىلى ئامېرىكا قىرغىزىستان ئارمىيىسىگە مەلۇم ياردەملەرنى قىلغان بولۇپ، قىرغىزىستان ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە شۇنداقلا ھەربىي جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا تايىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇرەككەپ گېيوپولىتىك شارائىتى ئۇنى ئېھتىياتچان سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

رۇسىيەنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى مەركىزى ئاسىيادا ئېلىپ بېرىۋاتقان دىپلوماتىك ھەرىكەتلىرى قىرغىزىستاننى ئەندىشىگە سالغان بولسىمۇ، لېكىن خىتايدىن كېلىدىغان ھەربىي جەھەتتىكى خەۋپ تېخىمۇ ئېغىرراق ئىدى. قىرغىزىستان ئۆزىنىڭ قىيىن شارائىتىغا قارىماي، تاجىكىستان تاغلىرىدىن كېلىۋاتقان ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا زور قۇربانلارنى بېرىپ، ئۇنى توسۇش ئارقىلىق خوشنا ئۆزبېكىستاندىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. خىتاي، ئافغانىستان، رۇسىيە، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلارنىڭ ئارىسىدا قالغان بۇ كىچىككىنە دۆلەت، ئەلۋەتتە ئامېرىكىغا تايىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈندىن - كۈنگە ياخشى ھېس قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. جىددىي پەيتتە ئامېرىكا ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كېلىشى يالغۇز قىرغىزىستان ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن مەركىزى ئاسىيا — جۈملىدىن ئۇيغۇرىستان ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئامېرىكا گېنېرالى بىشكەكتىكى پەيتىدە ( يەنى 25 - سېنتەبىر كۈنى ) 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان خىتاي ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى قىرغىزىستاننىڭ نارىن ئوبلاستىغا يېتىپ كەلدى. « ئازاتلىق رادىيوسى » نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇلار 1997 - يىلى بېيجىندا ئىمزالانغان ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىغا ئائىت كېلىشىملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرىستاندىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتقان خىتاي ئۈچۈن ئەلۋەتتە قىرغىز ۋە تاجىكىستان تاغلىرىدىكى ئىسلام جەڭچىلىرى زور خەۋپ بولۇپلا قالماستىن ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندا ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى تېخىمۇ خەۋپلىك. تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئافغانىستاندىكى تالىباننىڭ تاجىكىستان چېگرىسىغا كېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئاساسىي جەھەتتىن كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىشىمۇ خىتاي ئۈچۈن قانچىلىك تەھدىت بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنداقتا ئامېرىكا بىلەن خىتاي بۇ رايوندا بىر قەپەس ئېلىشامدۇ — قانداق؟ رۇسىيە بۇ ئېلىشىشتا قانداق رول ئوينايدۇ؟.

# پەلەستىن خەلقى يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى ئېلان قىلماقچى

ئۆز خەۋىرىمىز: پەلەستىن ۋەكىللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ۋەكىللىرى پەلەستىننىڭ ئىستىقبالى ۋە قۇددۇس شەھىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىكى مۇزاكىرىلەردە چىڭكىش نوقتىغا كىرىپ قالدى. ئىككى تەرەپنى مۇزاكىرە ئۈستىلىگە قايتىدىن ئولتۇرغۇزۇش مەقسىتىدە خەلقئارا تەشەببۇسلار داۋام قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئىسرائىلىيە سىياسىي ئەربابى ئېرىيال شارون قۇددۇس شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان مەسجىدى ئەقسانىڭ يېنىدىكى يەھۇدىي ئىبادەتگاھىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت يەنە جىددىي ۋە نازۇك تۈس ئالدى. ( داۋامى 6 - بەتتە )

## ساتما خائىنلار

( غەزەل )

هىجران ( گېرمانىيە )

( مەرھۇم ئا. ئۆتكۇر ئەپەندىنىڭ خەجلە خائىنلار غەزىلىگە تەقلىد )

ساتما خائىنلەرەي ساتما، بۇ ئەلنىڭ مالىنى ساتما،
ئەسىر تەنلەردە سەكراتتا ئىڭرىغان جانىنى ساتما.

قۇرۇق قاقشال كەبى ئەتسىز، يىلىكسىز پور سۆڭەك قالدى،
هاياتلىقتىن دېرەك بەرگەن تومۇردا قانىنى ساتما.

يەر ئاستى بايلىغى پۈتتى، كۆلدە بېلىغى يۈتتى،
كېپەنسىز مۇردىگە تولغان مازار تۇپراغىنى ساتما...

تومۇزنىڭ ئاپتىۋىدىن ھەم زىمىستان، قار شۇۋرغاندىن،
ئاسرىغان شۇ غېرىپ كەپە ـ ھىمايە خانىنى ساتما.

« قازاق ۋە قىرغىزى ھەمدە شىۋە، مۇڭغۇللىرى ھەتتا،
خىتاي ۋە تۇڭگىنى بار » دەپ، بۆلۈپ ئىستانىنى ساتما...

بۇ ئەلنىڭ ساھىبى يوقتەك، ساڭا قالغان مىراسمۇيا؟...
كېلەچەك تاڭغا تەلپۈنگەن ئۈمىت، ۋىجدانىنى ساتما.

ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشقانچۇن ئاتالغان زاتى « ئۇيغۇر » دەپ،
لېكىن سەن! پارچىلاپ ياتقا مۇقەددەس نامىنى ساتما !

## خىتاي زالىمغا

چۆل ئوغلى ( گېرمانىيە )

سەددىچىننى ئۆزەڭ ياسىدىڭ بىزلەردىن قورقۇپ،
ئەندى نىمىشكە چىقىپ كەلدىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ؟

ساڭا پۇشۇرۇپ ـ سوۋۇتۇپ قويغان ئېشىمىز بارمىدى؟
ياكى قىزىڭغا ئېتىپ قويغان قېشىمىز بارمىدى؟

نومۇس نىمە ھېچ بىلمەيسەن يۈزۈڭ قېلىن داپ،
يىلىكىمىزگە سىڭىپ بولغان سەن بىر تىرىكتاپ.

قارىنىڭ تويۇپ جۆيلۈپ كەتتىڭ: « تەڭرىتاغ مېنىڭ »
ھوشۇڭنى بىل، سەددىچىننىڭ ئىچىلا سېنىڭ.

ھېچ ھەققىڭ يوق تەڭرىتاغدا، تەكلىماكاندا،
ئەلمىساقتىن ئۇيغۇر يۇرتى تەكلىماكاندا.

ئۆز يۇرتىنى ئۆزى گۈلدەك باشقۇرار ئۇيغۇر،
ئەتە ھۆرلۈك ساماسىدا قانات قاقار قۇرغۇي.

گۆرلىگىنى سەن ھازىرلاپ « ماۋ » نىڭ يېنىدىن،
چاشقانلارغا ۋەسىيەت قىل چىقسۇن ئىنىدىن...

قايتۇۋالغىن سەن ۋاقتىدا سېسىق ئېلىڭگە،
تەپكىنىمىز تەپكەن سېنىڭ مەڭگۈ بېلىڭگە.

قىساس ئالساق تۆخۇمۇڭنى بىزمۇ قورىتىمىز،
ئۆزەڭ دەپ باق! زۇلمىڭنى بىز قانداق ئۇنۇتىمىز؟

خەلقىم بىلەر دەرتىنى كۆچكە چۆرۈشنى ئوبدان،
ئۆزەڭگە ماكان سەن بىز ئۈچۈن ھازىرلىغان زىندان.

# بىلگىيەدە « ئۇيغۇر كۈنى » پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى




ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىلگىيەنىڭ پايتەختى برۈكسەل ئەتراپىدا « ئۇيغۇر كۈنى » پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

مىللىي قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « بىلگىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى » تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇقېتىمقى پائالىيەتكە، مەزكۇر جەمىيەتنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەزاسىدىن سىرت يەنە، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان، قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئۈمىت ئاگاھى باشچىلىقىدىكى 4 كىشىلىك ھەيئەت، شۇنداقلا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دومىنىك، « بىلگىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيىتى » نىڭ باشلىقى ۋېرونىك ۋە ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان 50 تىن ئارتۇق بىلگىيەلىك دوستلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

پائالىيەت جەريانىدا بىلگىيەدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئالاھىدە ھازىرلانغان ئۆپكە ـ ھېسىپ، پولو، كاۋاپ، سامسا، مانتا ... قاتارلىق تۈرلۈك ئۇيغۇرچە لەززەتلىك تائاملار بىلگىيەلىك دوستلارنى ئالاھىدە جەلىپ قىلدى. يېرىم كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى پائالىيەت جەريانىدا يەنە چەتئەللىك دوستلارغا ئۇيغۇرچە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئورۇنداپ بېرىلدى.

پائالىيەتكە قاتناشقان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا بەزى بىلگىيەلىك دوستلار مەخسۇس سۆز قىلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم ۋە زۇلۇم سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىپلىدى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندى قىلىش قىلمىشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىردى.

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجانمۇ يىغىندا تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، بىلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى بىلگىيە خەلقىگە تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشقا چاقىردى.



غەرب مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان:

# خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوسوۋاغا ئوخشاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە

( ئامېرىكىلىق مۇخبىر Susan Lawrence خانىم شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن Far Eastern Economic Review ژۇرنىلىنىڭ 7 - سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىنىڭ تولۇق تېكىستى )

ھازىرقى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئىلى شەھرىگە كەلگىنىڭىزدە، بۇ شەھەرنىڭ ھەقىقەتەن بېيجىڭدىن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلار خىتايلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، يېشى چوڭ ئىنسانلار ۋە كىچىك باللار خىتايچە بىلمەيدۇ، بىراق بۇ شەھەردە خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھەم ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ تۇرىدۇ. ئىلىغا كىرىشتىكى « ئازاتلىق يولى » دەپ ئاتالغان ئاساسلىق قاتناش يولى بويىغا سېلىنغان ئۆيلەرگە ئارمىيە ۋە « بىڭتۇەن » نىڭ ئوفىتسېرلىرى جايلاشقان. شەھەر مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان تاختىغا « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلايلى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرايلى » دىگەنگە ئوخشاش شۇئارلار يېزىلغان. بىز بىر گورۇپپا چەتئەللىك مۇخبىرلار خىتاي خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇيغۇر رايونىغا باردۇق، بۇ يەردە خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىزگە، گەرچە ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرى توپىلاڭ چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ بىز ئۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىمىز، دىگەن ئىشارەتنى بەردى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر رايونىدا بېيجىڭنىڭ كۆپ مەنپەئەتلىرى خەتەر ئاستىدا، يەر كۆلىمى ھىندىستاننىڭ يېرىمىغا تەڭ بولغان ۋە خىتاي دۆلىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، كۆمۈر، گاز ۋە نېفىتكە ئوخشاش ھەر خىل بايلىقلارغا ئىگە بولغان بۇ رايوننىڭ خىتاي دۆلىتى ئۈچۈن ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى چوڭ. ئۇيغۇر رايونىدا سىياسىي مۇقىملىقنىڭ بۇزۇلۇشى، خىتاينىڭ ئىچكى رايونلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى، خىتاي دۆلىتىنىڭ ھەر خىل مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى ۋە ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىگە خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ھەتتا خىتاي ئالىملىرى، ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ كوسوۋاغا ياردەم قىلغىنىدەك، بۇ ئۆلكىگىمۇ ھەربىي ھۇجۇم قىلىشىغا يول ئېچىشى مۇمكىنلىكىنى يوشۇرمىدى. بۇ، خىتاينىڭ قانچىلىك قايغۇرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر دەلىل بولالايدۇ...

بۇنداق قايغۇرۇشلار خىتاينىڭ غەربتىكى ئۆلكىلەرنى تەرەققى قىلدۇرۇش پروگراممىسىنى ھازىرلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان ئاساسىي ئامىللاردىن بىرى بولسا كېرەك. دەرۋەقە خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى ۋە تىبەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسەتنىڭ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈچلەرنى يوق قىلىش ئىكەنلىكىنى يوشۇرمايۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭى پويىز قاتناش يوللىرىنى ياساش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يەنە بىر ئاز ۋاقىت مۇستەھكەملىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنى ئۆز يولىدىن قايتۇرالمىسا كېرەك. ھەتتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئۇر بەكرى ھەم بۇ ھەقتە، « بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تۈزەتسەك بۆلگۈنچىلىك يوقۇلىدۇ، دەپ قەتئى ئېيتالمايمەن » دەيدۇ.

بېيجىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قايغۇرىۋاتقانلىقىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى تەرىپىدىن 1996 - يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە ھازىرغىچە ھۆكۈمەت ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاساسىي دەستۇر ( قوللانما ) بولۇپ كەلگەن 7 - نومۇرلۇق مەخپىي ھۆججەتتە كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

چۈنكى، بۇ ھۆججەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى خەلقئارادا بارغانسېرى كۈچلۈك ھىمايىگە سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقى قەيت قىلىنىپ، « ئەگەر ۋاقتىدا چارە كۆرۈلمىسە، كېلەچەكتە شەرقىي تۈركىستاندا، ئومۇمەن خىتاي دۆلىتىدە مۇقىملىقنى بۇزىدىغان ھادىسىلەر يۈزبېرىشى مۇمكىن » دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان...

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ياشىغان تارىخى ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۇزۇن داۋام قىلغان. 1860 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان دەۋىر ئىچىدە ئۇلار خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىپ، 3 قېتىم ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان. ئەڭ ئاخىرقىسى 1944 - يىلدىكى « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى »، بۇ جۇمھۇرىيەت 1949 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونغا بارغانسېرى كۆپلەپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ جايلاشتۇرۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغاۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ رايوندا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ موھىم رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنى خىتايلار ئىگەللەيدۇ، ھەمدە بۇ رايوننىڭ ئاساسىي بايلىقلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلار باشقارمىسى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى رېشىت نىياز « خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بارچە پۇخرالارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان » دېيىش بىلەن بىللە « بىراق شىنجاڭدا گىرازدانلار 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئادەتتىكى پۇخرا ھېساپلىنىدۇ، سىز رەسمىي پۇخرا بولغاندىن كېيىن ئاندىن ھوقوقىڭىز بولىدۇ » دەيدۇ. بۇ قىزىزىق گەپ...

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇيان، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىۋىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان بارغانسېرى كۈچىيىپ، خەلقئارا تۈس ئالماقتا. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەتەن سىرتىدىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلارمۇ بار. ھەتتا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن قورال - ياراق بىلەن تەمىنلەش، ئادەم تەييارلاش ۋە خىتايدىن قېچىپ كەلگەنلەرنى يوشۇرۇپ ساقلاش... قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ پايدىلاندى.

ئەندى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى « غەربنى ئېچىش » پروگراممىسى ئاساسىدا ئۇيغۇر رايونىنىڭ جەنۇبىغا يېڭى يوللارنى ياساش، زاۋۇت - فابرىكا قۇرۇش، ئۇچۇر - ئالاقە يوللىرىنى تۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بۇ رايوننى خىتاي بىلەن تېخىمۇ چەمبەر - چەس باغلىماقچى. بۇ پروگراممىا ئاساسىدا كېلىدىغان خىتاي كۆچمەنلىرى بۇ رايوندىكى خىتاي نوپۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ئاھالىنى ھېساپقا ئالغاندا تېخىمۇ ئازسانلىق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا توختىمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئابلەت ئابدىرىشىت بۇ ھەقتە، « ئاز سانلىق بىر گوروھ بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىماقچى. بۇ كۈچلەر ئۆتمۈشتە بولغان. ھازىرمۇ بار ۋە كېلەچەكتىمۇ بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ رايوننى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈمىدلىرى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ » دەيدۇ.

( بېشى 3 - بەتتە )

پەلەستىن خەلقى شارۇننىڭ بۇ زىيارىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ بىر ھەپتىدىن بۇيان نامايىش ئۆتكۈزمەكتە. قورالسىز پەلەستىن ياشلىرىنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا كۆكرەك كېرىپ چىقىۋاتقانلىقى ۋە ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئوق چىقىرىشى نەتىجىسىدە ھەر كۈنى بىرنەچچە پەلەستىنلىكنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتقانلىقى دۇنيا تېلېۋىزورلىرىدا كۆرسۈتۈلىۋاتىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكى، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە شارۇننىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن پەلەستىن خەلقىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، مەسجىدى ئەقسا يېنىدىكى ئىبادەتگاھنى زىيارەت قىلغانلىقى سەۋەپ بولغان دەپ قارىماقتا. ئەسلىدە پەلەستىننىڭ مۇستەقىللىقى 13 - سېنتەبىر كۈنى ئېلان قىلىنماقچى ئىدى. كېيىن بۇ پىلان ئۆزگەرتىلىپ، مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا كېچىكتۈرۈلدى.

# بىز « لەنتى » مۇ؟ ياكى « ... ! »

( ماقالە )

ئۇيغۇر ئەزىزى ( گېرمانىيە )

مېنىڭ قارىشىمچە « لەنتى » دېگەن بۇ سۆز بۇگۈنكى كۈندە بىزگىلا ماس كەلسە كېرەك، لېكىن بۇ سۆز بەك يېقىمسىز، ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرماي قالمايدۇ، ئەگەر بۇ سۆزنى باشقا بىر مىللەت دېدى دەيلى، شۇ زامان مىللەتسۆيەر يىگىتلىرىمىز مەيدانغا چىقىدۇ ـ شۇ سۆزنى دېگۈچىدىن ھساپ ئالماي ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ. بەلكىم بۇگۈنكى كۈندە بىزنىڭ مىللەتپەرۋەرلىگىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىگىمىز شۇ بىردەملىكلا قىزىققانلىق بىلەن قايتۇرىدىغان ئىنكاس بولسا كېرەك خالاس.

ئەگەر سىز بۇ تەبىرنى مۇۋاپىق بولماپتۇ دېسىڭىز، ھەربىر كىشى ئۆزىنى باھالاپ باقسۇن، سىزمۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلايلى، قايسىمىز ئۆزىمىزنى « لەنتى » ئەمەس، شۇ لەنتى ئىللەتلەر مەندە يوق دېيەلەيمىز؟ بىز روھىمىزغا سىڭىپ كەتكەن كېسەللىكلەرنى يوشۇرمايلى، مىللەتكە چۈشكەن بۇ مىللىي روھنى ئۆلتۈرىدىغان چىرىندى كېسەللىكلەر يوشۇرۇلسا، ئەڭ ئاخىرى مىللەت بېشىغا ئۆلۈم كەلگەندە ئاندىن بۇ ھەقىقەتنى چۈشۈنىمىز. ئۇ چاغدا تامامەن كېچىككەن بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم « كېسەلگە قاراپ دورا ئىشلىتىش » نى، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى داۋالاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. شۇ چۈشەنمەسلىك، ئۆز ۋە ئۆزگىنى ئوبدان بىلمەسلىك سەۋەبىدىن ئۆتكەنكى خورلۇق ھاياتىمىزنى، ئەسلەشكە ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ يۈزى قىزارماي قالمايدۇ، بۇ نومۇس بىلەن تولغان، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەربىر بېتى قان بىلەن بويالغان، ئىنسان چىدىغۇسىز خورلۇق ۋە زۇلۇملارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئەسىر بىزگە ھېچبىر ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتمەي، بىزنى ھەسرەت، نادامەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، يۈرىگىمىزدە چەكسىز ئارمانلارنى قالدۇرۇپ خوشلاشتى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بايرىقى ۋەتىنىمىز ئاسمىنىدا لەپىلدىمەكتە. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ « قىزىل بايرىقى » ئاستىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يىگىتلىرىمىزگە يىللار ساقال ـ بۇرۇتلارنى سېخىلىق بىلەن بېرىپ، نەۋقىران پەسلىنى تۇيدۇرماي ئېلىپ قاچماقتا. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆلۈم گىرداۋىدا ھالسىرىماقتا.

جۇملىدىن بېشىمىزغا مىنگەن بۇ رەزىل مۇستەملىكچىلەر ئەللىك يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز مىللىي ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بىزنى مۇستەملىكە قىلدى، يەنە ئەللىك يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆز دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، تېخىمۇ ھاكىممۇتلەق زالىم بولدى، ئەندى بۇندىن كېيىنكى ئەللىك يىل ۋاقىتنى بىزنى يوقۇتۇشقا سەرپ قىلىدۇ ھەم ھازىرمۇ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن بىزنى ئۆز مىللىي مەنپەئەتىگە توسالغۇ بولىدىغان دۈشمەن دەپ ھساپلاپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار مال ئىگىسىنى يوقاتماي تۇرۇپ، مالغا مەڭگۈلۈك ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا بىز يەنىلا ئۆز ھوقۇقىمىزنى تىلەپ، مۇستەملىكچىلەرگە يېلىنەمدۇق ياكى ئۇلارنىڭ ئالقىنىدا قۇل بولۇپ ياشاپ، قەدىرسىز، قىممەتسىز ھايات بىلەن جان تالىشىپ ئۆلەمدۇق، زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟! ـــ « ۋەتەننى سۆيۈش ئىمانىڭ جۈملىسىدىندۇر »، بۇنىڭغا ئىمانى بار ھەربىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئۆز ئىمانى بىلەن، مىللەت ئالدىدىكى ۋىجدانى قەرزى بىلەن جاۋاپ بەرسۇن؟!

ۋاقىت بىز ئۈچۈن بەك قىممەت ۋە جىددى، بىز دۈشمىنىمىزگە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بىر كۈن ئۈچۈن كەلگۈسىدە قانچە يىل بەدەل تۆلەيمىز، ئۇنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ، ۋاقىت بىزنى ئۇتماقتا، مۇستەملىكچىلەر تېخىمۇ ياۋۇزلاشماقتا... بىز بولساق ئۆتمۈشتىكى تارىختا ئايلانغان تۆھپىلىرىمىزدىن پەخىرلىنىپ يۈرىيمىز. شۇڭىمىكىن بۇرنىمىزغا ھەمىشە ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇرسىمۇ خېلە چوڭ ئىشلارغا ئانچە پەرۋايىمىز يوق.

راست، دېمىسىمۇ بىز ھەممىگە كۆنگەن، بىزگە خېلە چوڭ ـ چوڭ ئىشلارمۇ تەسىر قىلالمىغان يەردە، بۇ بىر ئېغىز « لەنتى » دېگەن سۆز تەسىر قىلالىتىمۇ دەيسىز، « ـــ مەن خېلە گەپلەرنى ئاڭلىغان، مېنىڭ ۋىجدانىم ئۇنچە كۆتىرەلمەس ئاجىز ئەمەس، تۇۋا دېگۈم كېلىدۇ « توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا » ـــ قايسى ئەخمەق ئۇيغۇرنىڭ تاپقان گېپى بۇ؟ بىزدەكمۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەق خەلق ھېچيەردە يوقتە! دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ خىتايدەك چوڭ ھەربى دۆلەتكە تەڭ كەلگىلى بولاتتىمۇ، بىكاردىن بىكارغا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچە بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزۇن ياشاپ، كۈننىڭ سېرىغىنى كۆرۈپ، شۈكرى قىلغان خوپ ئەمەسمۇ؟! » ـــ قانداق؟ سىزچە مەن توغرا ئويلاپتىمەنمۇ؟ ـ مانا بۇ قۇللۇق، مەھكۇملۇق بىر ئەسىرلىك ھاياتىنىڭ سەۋەپلىرى.

قېنى بىز ھەممىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە « مەن بىر لەنتى ئۇيغۇر » دەيمىزمۇ ياكى ئىنساندەك ياشاشنىڭ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان « باتۇر ئۇيغۇر » دەيمىزمۇ؟ بۇ نامنىڭ قايسىسى بىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئەگەر شۇ كىشى بىر ۋىجدانلىق ئۇيغۇر بولسا، ئىشىنىمەنكى چوقۇم توغرا جاۋاپ بېرەلەيدۇ.

ساۋادى بارلىكى ھەر ـ بىر ئۇيغۇر بۇ مۇبارەك « ئۇيغۇر » دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسى « ئۇيۇشماق » ، « ئىتتىپاقلاشماق » ، « بىرلەشمەك » ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھالبۇكى بۇگۈنكى كۈندە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بۇ « ئۇيغۇر » سۆزىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتامدۇ قانداق؟ ـــ بىزدىكى شۇ ئۇيۇشقاقلىق ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن ئۇرۇشقاقلىققا ئايلاندىمۇ نېمە؟ بىزدە ھەقىقى مىللەت سۆيۈش بارمۇ ـ يوق؟ بىز دىنىمىزنى، ئۆز ۋەتىنىمىزنى ھەقىقى سۆيەمدۇق ـــ يوق؟ ـــ بۇ سوئاللارغا ئاددىسى مەنمۇ جاۋاپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى شۇ « لەنتى » لىك بەلكىم مەندىمۇ باردۇر، ئىمىشكە دېسىڭىز مەن كىچىكىمدە ئاتا ـ ئانامنىڭ قۇلچۇلۇق ـــ يەنى « غېت قىسىش » تەربىيەسىنى ئالغان. يەنە كېلىپ، مەن مەكتەپتە بولسا ئون نەچچە يىل خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تەربىيەسىنى ئېلىپ ئوقۇدۇم، (خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مىللىتىمىز ئىزباسارلىرىنى مەڭگۈ قۇل قىلىپ تەربىيەلەيدىغان مۇنداق مائارىپىنىڭ رولىغا سەل قارىماڭ، چۈنكى ساق كىشىنى ھەمىشە « ساراڭ » دەۋەرسە، ساراڭ بولارمىش) شۇڭا مەن ئۆزەمگە پايدىسى بولمايدىغان ئىشنى قىلمايمەن، قايسى بىر ئۇيغۇر ۋەتەن، مىللەت دەپ پايدا كۆرۈپتۇ دەيسىز، مەن لەنتى بولۇپ ياشاشقا رازى، چۈنكى مەندە جۈرئەت يوق، مىللىتىمنى سۆيگىدەك ئىرادە يوق، مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن، مېنىڭ جېنىم دۇنيادا ھەممىدىن تاتلىق... ـــ مانا بۇ تىپ كىمگە ماس كەلمەيدۇ.


مانا بۇ بىزدىكى، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم ئىرادىسىز كىشىلىرىمىزدىكى ۋىجدان، بىزدىكى مىللەت روھى، بىزدىكى نومۇس پەقەت شۇنچىلىك! بىز يەنە « لەنتى » بولماي نېمە؟ باتۇرمۇ؟ شۇ قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن « سەۋرىنىڭمۇ چېكى بار » دىن ئېشىپ كەتكەن ئىتائەتچىلىك ئىللەت سەۋەپلىك ھالىمىز بۇگۈن، ئەندى يەنە نېمە بولماقچى؟! ۋەتەندىكى كۆرەشنىڭ دېمەيلى، خىتاينىڭ ھېچبىر سىياسى توسالغۇسى يوق شۇ ئەركىن چەت مەملىكەتلەردىمۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايۋاتىمىز. ھەقىقى بىر باش قوشۇپ بىرلىشەلمەيۋاتىمىز، تەرەپچىلىكىمىز، شۆھرەتپەرەسلىكىمىز، شەخسى ئاداۋەتلىرىمىز ھېچ تۈگىگىنى يوق، ئاددىيسى يۇرتۋازلىقىمىزنى، ئايرىمچىلىقىمىزنى دەيلى، سەن ئۇيەرلىك، مەن بۇيەرلىك، ئۇ مىللەتچى، بۇ دىنچى، سەن... ئۇ، بۇ ۋاھاكازالار. ئۇنداقتا بۇ توغرىدا ئويلىنىپ باقايلى، بىز ئۇيغۇرمۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلاممۇ، ئۇيەر، بۇيەر زادى كىمنىڭ يۇرتى؟! ـــ ھەممىسى بىز ۋە بىزنىڭ، خوش، ئۇنداقتا بىز يەنە نېمە تالىشىمىز؟

ھەممىمىزگە ئايان، بىزدە ئەسلى ئۇنداق خۇي يوق ئىدى، بۇ ناچار ئىللەتلەر كىملەردىن بىزگە يۇقتى؟ بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز بەك كۆپ، لېكىن مۇنقەرز بولغان ئانا ۋەتەن، قۇل بولغان مىللەت ئالدىدا بۇ تالىشىشلار ھېچ پايدىسى يوق ئەرزىمەس ئىشلار خالاس. ئەكسىچە دۈشمىنىمىزگە پايدا، بىزگە تېخىمۇ كۆپ زىيان، شۇڭا بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ۋەتەننىڭ ئازاتلىق كۈنىنى كۆرۈش ئۈچۈن، بىز بۇ ئۇلۇغ كۆرەشتە ئۆز ئارا ئىنىزالاشمايلى، ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن تالاشمايلى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارتىپ ئېلىنغان ھەق ـ ھوقۇقىنى تالىشايلى، خىتاي يالماۋۇزلىرى پۈتۈن يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئىشتاھا قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ بوغۇزىدا ھايات ـ مامات ئىچىدە تۇرغان ئۇيغۇر ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى تالىشايلى. مانا شۇ ھوقۇقنى، شۇ مۇبارەك ۋەتەننى ئۈزۈل ـ كېسىل قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئىشەنگەن ۋە جۈرئەت قىلالىغان، مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىق كۆرىشىگە ئۆزىنى خالىس بېغىشلىيالىغان ھەر ـ بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ھەقىقى ئەزىمەت، باتۇردۇر. ئەمما جۈرئەت قىلالمىغانلار بولسا ئەبەدى خەلقىمىز قەلبىدە « لەنەت » كە لايىق، خەلقىمىز كەلگۈسىدە ئۆز تارىخىغا چوقۇم توغرا باھا بېرىدۇ. ئۆز مىللىتىنى، ئۆز ئېتىقادىنى سۆيمىگەن كىشىلەر، بۇ دۇنيادا ئۆز خەلقى ئالدىدىمۇ، ئۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىمۇ لەنتى ھېساپلىنىدۇ ۋە جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى « ۋەتەننى سۆيۈش ئىمانىڭ جۈملىسىدىندۇر » .

ئى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئىگەم، سەن بىزگە ھەقىقى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا خاس جاسارەت، ئىشەنچ، كۈچ ـ قۇدرەت، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، كۆرەشلىرىمىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغىن! سەندىن ئۆزگە مەدەتكارىمىز يوق! ئامىن!

2000 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار مىللىي قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتلىرىگە ئىجابىي باها بەردى





سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان قۇرۇلتاي ھارپىسىدا ۋە قۇرۇلتايدىن كېيىن، 99 - يىلى 8 - ئايدا ۋە بۇيىل 2 - ئايدا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلىپ، بۇيەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن كەڭ دائىرىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن مىللىي قۇرۇلتاي ۋە مىللىي داۋايىمىزغا مۇناسىۋەتلىك جىددى مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر ئالغان ئىدى. باش كاتىپ ئەسقەرجان بۇيىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە يەنە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارغا 3 - قېتىم زىيارەتكە بېرىپ، بۇيەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى ۋەكىللىرىگە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بېرىلىدىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ھەمدە بۇ ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايدىن بۇيانقى پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئالدى. ئەسقەرجان بۇقېتىمقى زىيارەت مەزگىلىدە يەنە مەلۇم سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن قۇرۇلتاينىڭ سىرتىدا قالغان 10 پىرسەنت ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەنمۇ سەممى ھالدا كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى يەنە قايتا مىللىي قۇرۇلتاي تەركىبىدىن ئورۇن ئېلىشقا دەۋەت قىلدى.

قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبەكىستانلاردىكى 90 پىرسەنتكە يېقىن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى باش كاتىپ ئەسقەرجان بىلەن كۆرۈشكەندە، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن - بىر ئالىي دەرىجىلىك قانۇنىي ئورگىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىر ئورگاننى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقلىرىنى، قۇرۇلتاينىڭ ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي ھالدا رويخەتكە ئېلىنغانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا زور ئۈمىت ۋە ئىشەنچ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتۈشتى، شۇنداقلا چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشى لازىملىقىنى ئىزھار قىلىشتى.

2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » قۇرۇلغاندىن بۇيان، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلەردە دىيالوگنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. بېرىلىدىن بۇيان قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شۋېتسارىيە، بېلگىيە، تۈركىيە، ئامېرىكا، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارغا بىرقانچە قېتىملاپ سەپەر قىلىپ، بۇ ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائەتلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە ۋاقتىدا مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن قۇرۇلتاي ۋە مىللىي داۋايىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپ ئېلىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.

## ئاجايىپ بىر خەۋەر

يېقىندا « ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى » نىڭ خىتايچە چىقىدىغان بىر سانىنىڭ ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان يېرىدە بىر پارچە ئاجايىپ خەۋەر بېسىلدى. گەرچە بۇ خەۋەر گېزىتنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان ھەم ناھايىتى قىسقا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نۆۋەتتە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مىللىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرەشلىرىدىن نەقەدەر قورقىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنى باستۇرۇش ئىشلىرىغا خىتاي ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ خەۋەردىن نىمىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن؟ بىر دۆلەتنىڭ پىرېزىدېنتى بولغان ئادەمنىڭ يىراق غەرپتىكى بىر شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا يۈزبەرگەن تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىش ئىشىغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغانلىقى نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنىڭدىن پەقەت مۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن: ۋەتىنىمىزدە ۋەھشى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرىغا باش ئېگىشنى خالىمىغان جەسۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارغانسېرى ئويغىنىپ، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تەدرىجى ھەرىكەتكە كېلىۋاتقانلىقى خىتاي دائىرىلىرىنى، جۈملىدىن جاللات جاڭ زېمىننى قاتتىق ساراسىمىگە سالماقتا. ئۇنىڭ چىشلىرىغىچە تولۇق قوراللانغان ئارمىيىسىگە بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، غۇلجا شەھرىدە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىنى قىرغىن قىلغانلىقىمۇ بىكاردىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قايتىدىن ئويغىنىپ كېتىشىدىن بەكلا قورقىدۇ. بەزىلەرنىڭ « شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى جاڭنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلماقتا » دېيىشىمۇ بىكار ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ بىر كۆزى دائىم بىزنىڭ ئۇلۇغ تۇپرىقىمىزدا بولماقتا. ئەمما ئۇ چۆچۈرىنى خام سانىغان ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنى ئازراق ۋاراقلاپ باققان بولسا، بىرقانچە يۈز ئادەمنى پىلموتقا تۇتۇش بىلەنلا دۈشمەنگە زەربە بېرىشتە ئاجايىپ جەڭگىۋار تارىخى ئەنئەنىگە ئىگە بۇ مىللەتنى باش ئەگدۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولاتتى.

ئەخمەت مۇھەممەت
2000 - يىلى سىنتەبىر
( شۋېتسارىيە )

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ : ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سېيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)
سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا تائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86/99 87
178 35 25